

ياخشى بالىلار ھەققىدە ھېكايىلەر

# تىرىشچان بالا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ياخشى بالىلار ھەققىدە ھېكايىلەر

# تىرىشچان بالا

تەرجىمە قىلغۇچى: گۈلباھار ئەخەت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

好孩子成才的故事/高厚满著：古丽巴哈尔译．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.4（2007.4重印）
ISBN 978 - 7 - 228 - 09996-2

Ⅰ．好… Ⅱ．①高…②古… Ⅲ．儿童文学 — 故事 — 作品集 — 中国 — 当代 —维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ．1287.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 032252 号

责任编辑：依明江·艾木都拉
责任校对：阿孜古丽·克里木
封面设计：米尔扎提·阿布都拉·塔吉

好孩子成才的故事（维吾尔文）

古丽巴哈尔·艾海提 译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 3.875 印张
2006年 8月第1版 2007年 4月 第2次印刷
印数：4061—7060

ISBN 978-7-228-09996-2 定价：7.50元

بۇ كىتاب خۇبېي ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار نەشرىياتىنىڭ 2003 ـ يىلى4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2003 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据湖北少年儿童出版社 2003 年 4 月第 1 版.2003 年 4 月第 1 次印刷本翻译出版 .

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمىنجان ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزىگۈل كېرىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

# تىرىشچان بالا

تەرجىمە قىلغۇچى: گۈلباھار ئەخەت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 3.875
2006 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 4061—7060
ISBN978-7-228-09996-2
باھاسى: 7.50 يۈەن

بۇ ھېكايىلەردە ھەربىر مەشھۇر شەخسنىڭ بالىلىق چاغ-
لىرى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلاردا يېزىلغان-
لىرىنىڭ ھەممىسى كىچىك دوستلارنىڭ ئۆز ھېكايىلىرىدۇر.

ئەلۋەتتە، قىممەت قارىشىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبى-
دىن ياخشى بالىنىڭ مۇتلەق ئۆلچىمى يوق. ياخشى بالا دېگەن
بۇ ئاتالغۇ ئەقىللىق، راستچىل، پىداكار، تىرىشچان، ئاددىي -
ساددا، ئۇماق… قاتارلىق نۇرغۇن گۈزەل ئۇقۇملار بىلەن باغ-
لىنىشلىق بولىدۇ. ئالايلى، ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئېدىسون كى-
چىك چاغلىرىدىن باشلاپ، پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇپ، «نې-
مە ئۈچۈن؟» دەپ سوئال سوراشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇنىڭدىن
ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بېشى ئاغرىيتتى، ئۇنى قەستەن چاتاق تې-
رىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، مەكتەپتىن چېكىنىشكە نەسىھەت قىل-
غان. لېكىن، ئۇنىڭ ئاپىسى بۇنداق قارىمايتتى. ئۇنىڭ قارى-
شىچە، ئوقۇتقۇچى بالىلارنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى چۈ-
شەنمىگەن. ھەربىر بالىدا چوڭلار ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان
ئۇنداق ياكى بۇنداق ھەرىكەتلەر بولىدۇ. لېكىن، بۇ ھەرىكەت-
لەرنى خاتا دەپ قارىماي، ئۇنى توغرا يېتەكلىشىمىزگە توغرا
كېلىدۇ. شۇنداق قىلغىنىمىزدىلا بىر ياخشى بالىنىڭ مەشھۇر
شەخس بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

شۇنداق بولغاچقا، مەزكۇر كىتابتا، مۇھاكىمە ۋە تەھلىل
ئېلىپ بېرىلمىدى. ھېكايە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كىتاب
ئوقۇش سالانى شەكلىدە كىچىك دوستلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تە-
پەككۇر قىلىشىغا، پەرق ئېتىشىگە، مۇنازىرە قىلىشىغا پۇر-
سەت يارىتىپ بېرىلدى ھەمدە كۆپ خىل جاۋاب ۋە ئوخشاش
بولمىغان پىكىرلەر بويىچە كىچىك دوستلارنىڭ ئەركىن ھەم
كۆپ قىرلىق تەپەككۇر قىلىشىغا ئورۇن بېرىلدى.

كىچىك دوستلار ھېكايىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلارنى
ئاتا - ئانىلىرىغا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماش-



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

تۇرۇپ، تەھلىل ئېلىپ بارسا، ئاتا - ئانىلارنىڭ سىلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى ئۈچۈن ياردىمى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ھېكايىلەر كىچىك دوستلارنىڭ يېزىقچىلىق قىلىشتىكى ۋە سىنىپ يىغىنى ئېچىشتىكى خام ماتېرىيال بولالايدۇ.

ياخشى بالىلار ھەققىدىكى بۇ ھېكايىلەردە ئۆگىنىش ئاساس قىلىنماي، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەقىقەتنى ھېس قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تەسەۋۋۇر بوشلۇقى قالدۇرۇش ئاساس قىلىنغان. ئۇلاردا بالا بىلەن ئاتا - ئانا ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىش ھاسىل قىلىش مەقسىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شۇڭا، بۇ كىچىك دوستلارغا تەقدىم قىلىنغان ناھايىتى ياخشى مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، قائىدىلىك يېڭى ئەسىرنىڭ مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئىجابىي رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# كىرىش سۆز

ئىنسانىيەت تارىخىدا، چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەر يېتىشىپ چىقىپ، شانلىق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بەزىلىرى تاغ ـ دەريالارنى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك ھەيۋىتى بىلەن بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەن؛ بەزىلىرى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ ئەلنى قايتا قۇرغان؛ بەزىلىرى چوڭقۇر ئىدىيە ۋە ئېقىملارنى يارىتىپ، تارىخ بېتىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان؛ بەزىلىرى ئاجايىپ ئىستېداتى بىلەن ئالەمشۇمۇل زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلار باتۇرلار، غالىبلار، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار بولۇپ، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئۈلگىلىرىدۇر.

شۇڭلاشقا، بىز «تىرىشچان بالا»نى تۈزۈپ، ئاشۇ مەشھۇر شەخسلەرنى ياخشى كۆرىدىغان ھەربىر كىچىك دوستقا تەقدىم قىلدۇق.


ۋاڭ شىجى ......................1
ئوۋ ياڭشيۇ ......................6
لى شىجېن ......................11
باكون ......................16
ۋاشىنگتون ......................22
ناپولېئون ......................28
بېتخوۋېن ......................34
ئاندېرسېن ......................40
لوئى رېنو ......................46
گوركىي ......................51
براگ ......................58
پىكاسسو ......................64
سۋېدبېرگ ......................70
بور ......................76
چاپلىن ......................82
مېي لەنفاڭ ......................87
ۋېنا ......................93
پېلى ......................98
شى گۇاڭنەن ......................104
ئەلى ......................110

# ۋاڭ شىجى



ۋاڭ شىجى قەدىمكى دەۋردىكى داڭلىق خەتتات، مىلادىيە 321 - يىلى تۇغۇلغان. شەندۇڭ لىنيىلىك. ئۇنىڭ خەتتاتلىق ئۇسلۇبى ئاددىي، خەتلىرى جانلىق. ئۇ تارىختىن بۇيانقى ئۆلىمالار ۋە خەتتاتلارنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

ۋاڭ شىجى ئېلىمىزنىڭ جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شەخس، ئىلگىرى ئوڭ قانات سانغۇن بولغان، باشقىلار ئۇنى «ۋاڭ ئوڭ قانات سانغۇن» دەپ ئاتايتتى. ئۇنى خەتتاتلىقتا ئالەمدە بىر دېيىشكە بولىدۇ.

ۋاڭ شىجى خەتتاتلىقنى تۆت - بەش يېشىدىن باشلاپ تاكى 59 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكۈچە ئۆگەنگەن، نەتىجىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا خەتنى ئاجايىپ چىرايلىق يازىدىغان بولۇپ كەتكەن. ئۇ قەدىمكى دەۋردىكى خەتتات جاڭ جىنىڭ تېز يازما شەكلىگە تولىمۇ ھەۋەس قىلغان، دائىم ئۆزىنى جاڭ جىنىڭ «كۆلچەك يېنىدا قىلساڭ خەتتاتلىق، كۆلچەكنى بولغايدۇ سىياھىڭ» دېگەن ھېكايىسى بىلەن قامچىلاپ تۇرغان. ئۇ جاپاغا چىداپ قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەچكە، ئاخىر خەتتاتلىقتا ئۆزگىچە ئۇسلۇب يارىتىدۇ. مىڭ يىلدىن بۇيان، كىشىلەرنىڭ خەتتاتلىق ئۆگىنىشىدە بۇ ئۇسلۇب ئىزچىل تۇردە تەقلىد قىلىپ يېزىلىدىغان ئۈلگىگە ئايلاندى.

ۋاڭ شىجى يەتتە ياشقا كىرگەندە خەتنى يامان ئەمەس يازىدىغان بوپقالىدۇ. ئەمما، كېيىنكى تۆت - بەش يىلدا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ ئىلگىرىلەش زور بولمايدۇ. بىر كۈنى، ئۇ دادىسىنىڭ ياستۇقى ئاستىدىن «قەلەم تەسىراتلىرى» دېگەن كىتابنى بايقاپ قالىدۇ. بۇ كىتابتا خەتنى قانداق يېزىش ھەققىدىكى ساۋاتلار سۆزلەنگەنىدى. ئۇ خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك قىن - قىنىغا پاتماي كىتابنى يوشۇرۇنچە ئوقۇشقا باشلايدۇ. ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئىچىگە كىرىپ كەتكەچكە دادىسىنىڭ كىرگىنىنىمۇ سەزمەي قالىدۇ. دادىسى ئاچچىقلىنىپ: «نېمىشقا ياستۇقۇم ئاستىدىكى كىتابنى ئوغرىلايسەن؟» دەيدۇ. ۋاڭ شىجى ئوڭايسىزلىنىپ جاۋاب بېرەلمەي قالىدۇ. ئاپىسى ئۇنى ئوسال ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ: «قەلەمنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلمەكچىمىدىڭ؟» دەپ قويىدۇ. دادىسى ئۇنى تېخى كىچىك، كىتابنى ئوقۇپمۇ چۈشىنەل-



مەيدۇ، دەپ ئويلاپ كىتابنى تارتىۋالىدۇ ۋە: «چوڭ بولغاندا ئوقۇ-غىن» دەيدۇ. ۋاڭ شىجى نارازى بولۇپ: «چوڭ بولغاندا ئاندىن خەتتاتلىق ئۇسلۇبىنى ئۆگەنسەم، كىچىك چېغىمدىكى زېرەكلىك-كىم زايە كەتمەمدۇ؟ قارىغۇلارچە يېزىپ يۈرگىنىمدىن قائىدىگە چۈشۈرۈپ يېزىپ ئۆگەنسەم ياخشى ئەمەسمۇ» دەپ دادىسىنى قايىل قىلماقچى بولىدۇ. دەرۋەقە، دادىسىمۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئورۇنلۇق بىلىپ، كىتابنى بېرىدۇ. ۋاڭ شىجى كىتابتىكى ئۇسۇل بويىچە بىر ئاي ئۆگىنىپلا خېلى ئۇنۇمگە ئېرىشىدۇ.

ۋاڭ شىجىنىڭ خەت مەشىق قىلىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇ-رىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى يېرىم كۈن مەشىق قىلغانىنىڭ ئۈستىگە، تاماق يېگەندە، يول يۈرگەندە ۋە دوستلىرى بىلەن پاراڭلاشقاندىمۇ ھاۋاغا خەت يېزىپ مەشىق قىلىدۇ. بىر كۈنى، كۇتۇپخانىسىدا تازا بېرىلىپ خەت مەشىق قىلىۋاتقاندا چاكار ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سامساق قىيامى بىلەن مومىنى ئېلىپ كىرىدۇ. ئەمما، چاكار شۇنچە زورلاپ-مۇ ئۇنىڭغا ۋاقتىدا يېگۈزەلمەي ئاخىر ئۇنىڭ خوتۇنىنى باشلاپ كىرىدۇ. ۋاڭ خانىم كىرىپلا ھاڭ-تاڭ قالىدۇ. ئەسلى ئۇ سىياھقا مىلەنگەن مومىنى ھەدەپ چايناپ ئولتۇرغان، ئاغزى قارا سىياھدا كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆزىنى خەتتىن ئۈزمىگەچكە سى-ياھنى ساماسلىق قىيامى دەپ قېلىپ مومىنى تۈگۈرۈپ يەۋاتقانىدى. ئۇ بىر قولىدا خەت يازغاچ، بىر قولىدا مومىنى ئاغزىغا تىقىپ، بۇ-گۈنكى سامساق قىيامىنىڭ بەك ئوخشاپ كەتكىنىنى ئېيتىدۇ.

> ھېسسىيات ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگەرگەندەك،
> ھەسرەتمۇ ۋاقىتقا ئەگىشىپ يوقايدۇ.
> ——ۋاڭ شىجى




كۆپچىلىك، ۋاڭ شىجىنىڭ باللىق چېغىدىكى ھېكايىسىنى ئوقۇپ بولغانسىلەر، قېنى، بەس ـ بەستە پىكىر قىلىڭلار!



دودو

تاغام ماڭا، قېيىن ئىش يوق ئالەمدە كۆڭۈل قويغان ئادەمگە دېگەندى. ۋاڭ شىجىنىڭ خەت مەشىق قىلىشى ھەقىقەتەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ خەت مەشىق قىلغاننى ئاز دەپ، ھەتتا تاماق يېگەن، يول يۈرگەن ۋە دوستلىرى بىلەن پاراڭلاشقان چاغلاردىمۇ ۋاقىتنى بوش ئۆتكۈزمەي ھاۋاغا خەت يېزىپ مەشىق قىلىپ تۇرغان. ئۇنىڭ بۇ خىل جاسارىتىگە قايىل بولماي تۇرالمايمىز. «تاما ـ تاما كۆل بولار» دېگەن شۇدە، ئۇ ئاخىر داڭلىق خەتتات بولۇپ چىقتى.



شاشا



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

## ئىرىشچان بالا



مى مى

ۋاڭ شىجى كۆندە خەت يېزىشنى مەشىق قىلىپلا قالماستىن، يەنە دادىسى ساقلاپ كەلگەن «قەلەم تەسىراتلىرى» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ، خەت يېزىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، بىر ئايغا قالمايلا خېلى ئۇنۇمگە ئېرىشىپتۇ. دېمەك، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش خەتتاتلىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا.



جيا جيا

ھازىر ئىشخانىلارنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش، يۇقىرى تېخنىكا يولغا قويۇلۇۋاتسا، قەلەم ئىشلىتىش پۇرسىتىمۇ ئازلاپ كېتىۋاتقان يەردە، موي قەلەمدە خەتتاتلىق ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى بارمىدۇ؟



## بۈگۈنكى سوئال

سىزنىڭچە ئىشخانىلارنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش يولغا قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە موي قەلەمدە خەتتاتلىق ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى بارمۇ؟

# ئوۋ ياڭشيۇ



ئوۋ ياڭشيۇ قەدىمكى دەۋردى-
كى ئەدىب، 1007 - يىلى تۇغۇل-
غان. جياڭشىنىڭ جىئەن دېگەن
يېرىدىن. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى
دەۋرىدىكى مۇھىم سىياسىيون،
مەشھۇر ئەدىب ۋە داڭلىق تارىخ-
شۇناس، ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى
پېشۋا دەپ ئاتالغان.

ئوۋ ياڭشيۇنىڭ دادىسى ئوۋ ياڭگۇەن ئاۋۋال جىنجۇ ئايمىقى
(ھازىرقى سىچۇەننىڭ جىنياڭ شەھىرى)دا، ئاندىن تەيجۇ ئايمىقى
(ھازىرقى جياڭسۇنىڭ تەيجۇ شەھىرى)دا مەنسەپ تۇتقان. ئوۋ
ياڭشيۇ تۆت ياشقا كىرگەندە دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئائىلە تۇر-
مۇشى تولىمۇ ناچارلىشىپ كېتىدۇ. ئاپىسى ئامالسىز ئۇنى ئېلىپ
سۈيجۇ (ھازىرقى خۇبېيدىكى سۈيجۇ)دىكى مەنسەپدار تاغىسىنىڭ
يېنىغا پاناھ تارتىپ بارىدۇ. تۇرمۇشنىڭ قىسىنچىلىقىدا ئاپىسى
ئۇنى پۇل تۆلەپ مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا قە-
غەز - قەلەممۇ ئېلىپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، مىسكىنتۇس ئوتىنىڭ
غولىدا يەرگە خەت يېزىپ ئۇنىڭ ساۋادىنى چىقىرىدۇ. بۇ ئىش
كېيىنكىلەرنىڭ ئاغزىدا داستانغا ئايلىنىپ، تارىختىكى مەشھۇر
ئائىلە تەربىيىسى ھېكايىسىگە ئايلىنىدۇ.

ئوۋ ياڭشيۇ ئون يېشىدىن باشلاپلا كىتاب ئارىيەت ئېلىپ

ئوقۇيدۇ، بەزىدە ئاشۇ كىتابلارنى باشتىن ـ ئاخىرى كۆچۈرۈۋالدـ
دۇ. ئوۋ ياڭشيۇ ئەنە شۇنداق جاپالىق مۇھىتتا ئاپىسىنىڭ ئەستاـ
يىدىل تەربىيىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ قېتىرقىنىپ جاپالىق ئۆگىنىشى
ئاستىدا ناھايىتى مول مەدەنىيەت بىلىم ئاساسىغا ئېرىشىدۇ.

بىر كۈنى، ئوۋ ياڭشيۇ كىتاب ساقلايدىغان لى فامىلىلىك
بىرىنىڭ ئۆيىگە كىتاب ئارىيەت ئالغىلى بېرىپ، كونا كىتابلار
ساندۇقىدىن تاڭ دەۋرىدىكى ئەدىب خەن يۈنىڭ ئەسەرلەر توپلىمىـ
نى بايقاپ قالىدۇ، بۇ كىتاب كونىراپ تىتىلىپ كەتكەنىدى. ئوۋ
ياڭشيۇ شۇ كىتابنى ئارىيەتكە ئېلىپ كېتىپ قايتا ـ قايتا ئوـ
قۇيدۇ، ئوقۇغانسېرى شۇنچە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئەينى چاغدا ئۇ
تېخى كىچىك بولغاچقا مەزمۇننى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيتـ
تى، ئەمما ئاپتورنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىغا ئالاھىدە قىزىقىپ قاـ
لىدۇ. خەن يۈنىڭ نەسرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، تىلى ئۆتكۈر
بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دەبدەبىلىك، ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرـ



غان ۋە قايىل قىلىش كۈچى زور ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ خەن يۈنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، خەن يۈدەك ئەدىب بولۇش غايىسىنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەينى چاغدا مودا بولۇۋاتقان سۆز - جۈملىلىرى ھەيۋەتلىك، مەزمۇنى قۇرۇق ئەسەرلەرنىڭ ئەھمىيەتسىز، ئۆگىنىش قىممىتى يوق ئىكەنلىكىنى پەيدىنپەي ھېس قىلىدۇ.

ئوۋ ياڭشيۇ يېزىقچىلىق جەھەتتە ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ جاپالىق مەشىق قىلىش بىلەن دۇنياغا داڭلىق. ئۇ: «يېزىقچىلىقتا ‹ئۈچنى كۆپ قىلىش›، يەنى كۆپ كۆرۈش، كۆپ يېزىش، كۆپ مەسلىھەت قىلىش كېرەك» دېگەن. ئۇ يەنە پارچە - پۇرات ۋاقىتلارنىمۇ قولدىن بەرمەي تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇ ئىلگىرى: «يېزىقچىلىق قىلغاندا ‹ئۈچ ئۈستىدە› دىكى ۋاقىتنى، يەنى ئات ئۈستىدىكى، ياستۇق ئۈستىدىكى، ھاجەت ئۈستىدىكى» ۋاقىتنىمۇ قولدىن بەرمەسلىك كېرەك دېگەنىدى.

> ياشلىقىڭدا تىرىشىپ ئۆگەنمىسەڭ، قېرىغاندا پۇشايمانغا قالمايسەن.
>
> — ئوۋ ياڭشيۇ

## تىرىشچان بالا






شاشا

ئوۋ ياڭشيۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ھېكايىسىنى ئوقۇپ چوقۇم كۆپ ئۇنۇمگە ئېرىشكەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن.

قېنى، ئەركىن پىكىر بايان قىلىپ بېقىڭلار!

تاغام ماڭا، بايلىق پېشانەڭدىكى تەردىن كېلىدۇ، ئوغۇل بالا چوقۇم نۇرغۇن كىتاب ئوقۇپ چىقىشى كېرەك، دېگەنىدى. ئوۋ ياڭشيۇ بالىلىق چېغىدا نۇرغۇن كىتاب ئوقۇمىغان بولسا، ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى پېشۋا بولالمايتتى. ئوۋ ياڭشيۇنىڭ جاپالىق كىتاب ئوقۇش روھى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ھازىر ئۇچۇر دەۋرى، بىر كۈن كىتاب ئوقۇمىساق تەبىئىيلا ئارقىدا قالىمىز.



مى مى



## تىرىشچان بالا



ئوۋ ياڭشيۇنىڭ تالانتلىق بولۇپ چىقىشى كۆ-
يۇمچان ئاپىسىنىڭ يەرگە خەت يېزىپ ئۇنىڭ ساۋادى-
نى چىقىرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. «ئاتا ـ ئانا
بالىنىڭ تۇنجى ئۇستازى» دېگەن گەپ تولىمۇ ئورۇن-
لۇق ئىكەن.

جيا جيا



مەن ئوۋ ياڭشيۇنىڭ يېزىقچىلىقتا «ئۇچىنى
كۆپ قىلىش»، «ئۇچ ئۇستىدە» دېگەن تەجرىبىسىگە
قىزىقىپ قالدىم. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى تىرىشىپ
يېزىقچىلىق مەشىقىمدە ئىشلىتىمەن.

دودو



### بۇگۈنكى سوئال

سىز بۇنىڭدىن كېيىنكى يېزىقچىلىق
مەشىقىدە «ئۇچىنى كۆپ قىلىش»، «ئۇچ ئۇس-
تىدە» دېگەن تەجرىبىنى قانداق قوللانماقچى؟



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com